## 11497 ـ تاھارەتنىڭ بايانى

### سۇئال

ماڭا ئايال كىشىنىڭ تاھارەتنى قانداق ئالىدىغانلىقىنى دەپ بەرسەڭلار . مەن بۇنى ئايالىم ئۈچۈن سوراۋاتىمەن . يەنە مەن كۇرسىي ئايىتىنىڭ ئەرەپچىسىنى قانداق قىلسام ئىنگىلىزچە ھەرپلەر بىلەن ئوقۇيالايمەن . چۈنكى مەن ئۇلۇغ ئاللاھ ئۆزىنى تىلغا ئالغان گۈزەل ئايەتلەرنى ئۆگىنىشكە تولىمۇ قىزىقىمەن . بۇ سۇئالىمغا جاۋاپ بىرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن ، چۈنكى قەلبىم جاۋاپقا تەشنا . ھەمدە ئاللاھنىڭ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ، ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە ساھابىلىرىغا رەھىم-شەپقەت قىلسۇن .

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

ئالدى بىلەن ، سىزگە يېتەكلىنىشنى ئاسان قىلغان ، قەلبىڭىزنى ئىچىۋەتكەن ئاللاھنى مەدھىيلەيمىز . ھەمدە ئاللاھتىن بىزنى ۋە سىزنى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتا چىڭ تۇرغۇزۇشىنى سورايمىز ھەمدە سىزنىڭ دىنى ئىشلىرىڭىزنى ئۆگىنىشكە بولغان تىرىشچانلىقىڭىزغا تەشەككۇر ئېيتىمىز . ۋە سىزگە ئىبادىتىڭىزنى رۇسلايدىغان بىلىمنى ئىگەللەشتە تىرىشچان بولۇشىڭىزغا ھەمدە قۇرئان ئوقۇيالايدىغان ، ئۇنى تەلەپ قىلىنغان بويىچە چۈشىنەلىگىچە ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىشكە قىزىقىشىڭىزغا نەسىھەت قىلىمىز . ئاللاھتىن سىزگە پايدىلىق بىلىمنى بېرىشىنى سورايمىز .

تاھارەتنىڭ شەكلىگە كەلسەك ، ئۇنىڭ ئىككى خىل شەكلى بار :

بىرىنچى : ۋاجىب شەكىل : يەنى :

1– يۈزنى تولۇق بىر قېتىم يۇيۇش ، ھەمدە ئېغىز ۋە بۇرۇننى چايقاش ئۇنىڭ ئىچىدە .

2– ئىككى قولنى جەينەككىچە بىر قېتىم يۇيۇش

3– باشنىڭ ھەممە قىسمىنى سۈرتۈش( مەسىھ قىلىش) ، ئىككى قۇلاقمۇ ئۇنىڭ ئىچىدە .

4– ئىككى پۇتنى ئىككى ئوشۇق بىلەن قوشۇپ بىر قېتىم يۇيۇش ، يۇقارقى ھەربىرىدىكى بىر قېتىمنىڭ مەنىسى تىلغا ئېلىنغان ئەزانىڭ ھەممە قىسمىنى تولۇق يۇيۇشنى كۆرسىتىدۇ .

5– تەرتىپ ، يەنى ئالدى بىلەن يۈزنى ئاندىن ئىككى قولنى يۇيۇش ، ئاندىن باشنى سۈرتۈش ئاندىن ئىككى پۇتنى يۇيۇش . چۈنكى پەيغەمبەر ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) تاھارەتنى مۇشۇ تەرتىپ بويىچە ئالغان .

6– كەينى-كەينىدىن بولۇش ، يەنى تىلغا ئېلىنغان ئەزالارنى بىر ئەزانى يۇيۇش بىلەن ئالدىدىكى ئەزانى يۇيۇش ئارلىقىنى ئادەت بويىچە ئۈزۈن دەپ قارىلىدىغان دەرىجىدە ئۈزۈپ قويماستىن كەينى- كەينىدىن يۇيۇش بولۇپ ، بىر ئەزادىن كېيىن كېينكى ئەزانى ئۇلاپ يۇيىدۇ .

بۇ پەرىزلەرنىڭ دەلىلى : ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزى : ئى م�مىنلەر! ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارنى سۆرتۈڭلار(مەسھى قىلىڭلار)، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، ئەگەر جۇنۇب بولساڭلار پاكلىنىڭلار (يەنى غۇسلى قىلىڭلار)، ئەگەر كېسەل بولساڭلار (سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا)، ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (سۇ تاپالمىساڭلار)، ياكى سىلەرنىڭ بىرسىڭلار ھاجەتخانىدىن كەلگەن (يەنى تاھارەت سۇندۇرغان) بولساڭلار، ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن (غۇسلى تاھارەت ئۈچۈن) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپىراقتا تەيەممۇم قىلىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلارغا قولۇڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، الله سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ، لېكىن الله شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى پاك قىلىشنى، (ئىسلام شەرىئىتىنى بايان قىلىش بىلەن) نېمىتىنى سىلەرگە تاماملاشنى خالايدۇ. [ مائىدە ( داستىخان ) : 6 ]

ئىككىنچى شەكىل : مۇستەھەپ شەكىل : يەنى پەيغەمبەرنىڭ ( ئاللاھنىڭ تەرپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) سۈننىتىدە كەلگەنلىرى بولۇپ ، ئۇنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە :

1- پاكلىنىشنى ۋە تاھارەتسىزلىكتىن قۇتۇلۇشنى نىيەت قىلىش ، ھەمدە نىيەت ئېغىزدا دېيىلمەيدۇ . قالدى ئىبادەتلەرمۇ شۇنداق .

2- بىسمىللاھ( ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن) دېيىش

3- ئاندىن ئىككى ئالقىنىنى ئۈچ قېتىم يۇيۇش

4- ئاندىن ئۈچ قېتىم ئېغىزنى چايقاش ، ۋە بۇرنىنى ئۈچ قېتىم چايقاش ، بۇرنىدىكى سۇنى سول قولى بىلەن مىشقىرىش .

5- يۈزنى ئۈچ قېتىم يۇيۇش . يۈزنىڭ چېكى ئۇزۇنسىغا ئادەتتە چاچ ئۈنگەن جايدىن باشلاپ ئىككى جاۋغاي ۋە ئېڭەكنىڭ تۆۋىنىگىچە ، توغرىسىغا ئوڭ قۇلاقتىن سول قۇلاققىچە . ئەر كىشى ساقىلىنى يۇيىدۇ چۈنكى ئۇ يۈزنىڭ بىر قىسمى . ئەگەر ئۇ قىسقا بولسا ئۇنىڭ تىگى ۋە سىرتى يۇيۇلىدۇ ، ئەگەر تېرىنى يۆگەپ تۇرىدىغان قويۇق بولسا ئۇنىڭ سىرتىلا يۇيىلىدۇ ھەمدە بارماق بىلەن ئارىلىنىدۇ .

6- ئاندىن ئىككى قولىنى جەينەككىچە ئۈچ قېتىم يۇيىدۇ ، ھەمدە قولنىڭ چېكى تىرناقلار قوشۇلۇپ بارماقلارنىڭ ئۇچىدىن چوڭ بىلەكنىڭ تۆۋىنىگىچە . ھەمدە يۇيۇشتىن بۇرۇن قولغا چاپلىشىپ قالغان خېمىر ياكى لاي ، سىر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سۇنىڭ تېرىگە تېگىشىدىن توسۇپ قويىدىغان نىمىلەرنى يوقۇتۇش كېرەك .

7- ئاندىن كېيىن باشنى ۋە ئىككى قۇلاقنى ئىككى قولنى يۇيۇشتىن قېپقالغان ھۆللۈكتىن باشقا يېڭى سۇ بىلەن سۆرتىدۇ . باشنى سۆرتۈشنىڭ شەكلى بولسا سۇ بىلەن ھۆللەنگەن ئىككى قولنى باشنىڭ ئالدى قىسمىغا قويىدۇ ، ھەمدە ئۇلارنى گەدەنگىچە ماڭدۇرىدۇ ، ئاندىن ئۇلارنى باشلىغان ئورۇنغا قايتۇرۇپ كېلىدۇ . ئاندىن ئىككى كۆرسەتكۈچ بارماقنى ئىككى قۇلاقنىڭ تۆشۈكىگە كىرگۈزىدۇ ، سىرتىنى بولسا ئىككى باش بارماق بىلەن سۆرتىدۇ . ئايال كىشىنىڭ چېچىغا نىسبەتەن ، مەيلى ئۇ قويۇۋېتىلگەن ياكى باشنىڭ ئالدى قىسمىدىن بويۇندىكى چاچ ئۈنگەن جايغىچە ئۆرۈلگەن بولسۇن ئۇنى سۆرتىدۇ ، ھەمدە چېچىنىڭ دۈمبىسىگە چۈشۈپ تۇرغان قىسمىنى سۆرتۈش ۋاجىپ ئەمەس .

8- ئاندىن ئىككى پۇتنى ئىككى ئوشۇققىچە يۇيىدۇ ، ھەمدە ئىككى ئوشۇق بولسا پاچاقنىڭ تۆۋىنكى قىسمىدا چوقچىيىپ تۇرغان

ئىككى سۈڭەك .

يۇقارقىلارنىڭ دەلىلى بولسا : ئۇسماننىڭ ئازاتگەردىسى ھۇمراننىڭ ھەدىيسى ، ئۇنىڭدا مۇنداق دىيىلگەن : ئۇسمان بىن ئەففان( ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) تاھارەتكە سۇ چاقىردى ـ دە ، تاھارەت ئالدى . شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئالقىنىنى ئۈچ قېتىم يۇدى ، ئاندىن ئېغىزىنى چايقىدى ۋە مىشقىردى ئاندىن يۈزىنى ئۈچ قېتىم يۇدى ئاندىن ئوڭ قولىنى جەينەككىچە ئۈچ قېتىم يۇدى ئاندىن سول قولىنى شۇنىڭغا ئوخشاش يۇدى ئاندىن بېشىنى سۈرتتى ئاندىن ئوڭ پۇتىنى ئىككى ئوشۇقىچە ئۈچ قېتىم يۇدى ئاندىن سول پۇتىنى شۇنىڭغا ئوخشاش يۇدى ئاندىن مۇنداق دىدى : " مەن ئاللاھ ئەلچىسىنىڭ ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) مىنىڭ مۇشۇ تاھارىتىمگە ئوخشاش تاھارەت ئالغانلىقىنى كۆردۈم ئاندىن ئاللاھ ئەلچىسى ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) مۇنداق دىدى : كىمكى مىنىڭ مۇشۇ تاھارىتىمگە ئوخشاش تاھارەت ئالسا ئاندىن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇسا ، ھەمدە نامازدا باشقا نىمىنى ئويلىمىسا ، ئۇنىڭ ئىلگىركى گۇناھلىرى كەچۈرۈۋىتىلىدۇ . " . [ ئۇنى مۇسلىم نەقىل قىلغان ، پاكلىنىش 331 ]

تاھارەتنىڭ شەرتلىرى بولسا : مۇسۇلمان بولۇش ، ئەقىل ، پەرىق ئىتىش ۋە نىيەت . شۇڭا كاپىرنىڭ ، ساراڭنىڭ ، ئۇنى پەرق ئىتەلمەيدىغان كىچىك بالىنىڭ ، ۋەسالقىنداشقا ئوخشاش نىيەتنى قىلىپ تاھارەتنى نىيەت قىلمىغان كىشىنىڭ تاھارىتى توغرا ئەمەس . ھەمدە سۇنىڭ پاكىز بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ شۇڭا نىجىس سۇ بىلەن تاھارەت توغرا بولمايدۇ . ۋە يەنە ئايال كىشى تىرناقلىرىغا قويىدىغان سىر خېنىگە ئوخشاش سۇنىڭ تېرە ۋە تىرناقلارغا تېگىشىنى توسۇپ قويىدىغان نىملەرنى يوقۇتۇش شەرت .

بىسمىللاھ دىيىش كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارشىغا ئاساسەن بەلگىلەنگەن ئىش ، بىراق ئۇلار ئۇنىڭ ۋاجىپ ياكى سۈننەتلىكىدە ئىختىلاپلىشىدۇ . ھەمدە ئۇنى تاھارەتنىڭ بېشىدا ياكى جەرياندا ئىسىگە ئالغان كىشى ئۇنى دىيىش كىرەك .

ھەمدە تاھارەت شەكلىدە ئەر كىشى بىلەن ئايال كىشىنىڭ ئوتتۇرسىدا ئوخشىماسلىق يوق .

تاھارەتتىن بىكار بولغاندىن كىيىن : " ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەلاھ ۋەھدەھۇ لاشەرىيكە لەھ . چە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھ ( گۇۋاھلىق بىرىمەن ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق ، ئۇ يالغۇز ، شىرىكى يوق . ۋە گۇۋاھلىق بىرىمەن مۇھەممەد ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى .) " دىيىش مۇستەھەپ . چۈنكى پەيغەمبەر ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) مۇنداق دىگەن : سىلەردىن بىر كىم تاھارەت ئىلىپ ، ۋە تاھارىتىنى مۇكەممەل ئىلىپ ئاندىن : " ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەلاھ ۋەھدەھۇ لاشەرىيكە لەھ . چە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھ ( گۇۋاھلىق بىرىمەن ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق ، ئۇ يالغۇز ، شىرىكى يوق . ۋە گۇۋاھلىق بىرىمەن مۇھەممەد ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى .) " دىسىلا ، ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ سەككىز ئىشىكى ئىچىلىدۇ ، قايسىسىدىن خالىسا ، شۇنىڭدىن كىرىدۇ . [ ئۇنى مۇسلىم نەقىل قىلغان ، پاكلىنىش 345 ] تىرمىزىينىڭكىدە بۇنى بۇنى قوشىدۇ : " ئاللاھۇممە ئىجئەلنىي مىنەت تەۋۋابىين ۋە ئىجئەلنىي مىنىل مۇتەتەھھىرىين ( ئى ئاللاھ مىنى تەۋبە قىلغۇچىلاردىن قىلغىن ۋە مىنى پاكلانغۇچىلاردىن قىلغىن ." [ پاكلىنىش ، 50 . ھەمدە ئەلبانىي ئۇنى سەھىيھ سۈنەنى ئەبۇ داۋۇدتا سەھىيھ دەپ تۈرگە ئايرىغان ، 48 ]

[ الملخص الفقهي للفوزان 1/36 ] كە قاراڭ .

سىزنىڭ :" ئاللاھتىن پەيغەمبىرىمىزگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىشىنى سورايمەن. " دىگەن سۆزىڭىزگە كەلسەك ، پەيغەمبەر ھەققىدە بەلگىلەنگىنى بولسا : ئۇنىڭغا تەرىپلەش ۋە ئامانلىقنى سوراش ، خۇددى پەرۋەردىگارىمىز بۇيرىغاندەك : الله ھەقىقەتەن پەيغەمبەرنى تەرىپلەيدۇ (يەنى ئۇستۈنكى ئالەمدىكىلەرگە ماختاپ بىرىدۇ ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلىدۇ، شەنىنى ئۇلۇغ قىلىدۇ، دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ)، پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرگە) مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، ئى م�مىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە(ئاللاھنىڭ) تەرىپلىشىنى ۋە ئامانلىق تىلەڭلار (چۈنكى رەسۇلۇللانىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى چوڭدۇر، ئۇ سىلەرنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە،زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقارغۇچىدۇر) . [ ئەھزاب( قوشۇنلار) : 56 ] ھەمدە ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ .

پىشىۋا مۇھەممەد سالىھ مۇنەججىد